### 3- مەزمۇن: ئاخىرىدا «ا» بولغان ئىسىملار توغرىسىدا

ئاخىرىدا «ا» (ئەلىف) ياكى «ى» سۈرەتلىك ئەلىف بولغان ئىسىملارنىڭ ئىئرابى پەرەزىي (تەقدىرەن) بولىدۇ، يەنى زەبەر، پىش ۋە زىر ئاشكارا ئوقۇلمايدۇ، بەلكى ئورۇن جەھەتتىن ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

پىشلىك ئوقۇلغىنى: أَمْرِيكَا دَوْلَةٌ يَهُودِيَّةٌ (ئامېرىكا يەھۇدىي دۆلىتى)

زىرلىك ئوقۇلغىنى : أَنَا مِنْ أَمْرِيكَا (مەن ئامېرىكىدىن)

فِي الْمُسْتَشْفَى إِلَى الْمُسْتَشْفَى

دېگەنگە ئوخشاش. يەنى بۇ مىساللاردىكى ئاستى سىزىلغان ئىسىملارنىڭ ئاخىرى ئورۇن جەھەتتىن پىش ۋە زىرلىك ئوقۇلدى.

## تَمَارِيْنُ

**(1) أَجِبْ عن الأسئلة الآتية :( تۆۋەندىكى سۇئاللارغا جاۋاب بېرىڭ)**

(1) من هذا الرجل ومن ذلك الرجل؟

(2) ما اسم التاجر؟

(3) ما اسم الطبيب؟

(4) من أين سيارة الطبيب؟

(5) من أين سيارة التاجر؟

(6) أين بيت التاجر؟

(7) أين بيت الطبيب؟

(2)اِقـرأ واكتـب: ( تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇپ ۋە يېزىڭ)

(1) هذا الولد خالد وذلك الولد محمد.

(2) هذا الرجل مدرس وذلك الرجل مهندس.

(3) هذا الكتاب جديد وذلك الكتاب قديم.

(4) هذه السيّارة لعلي وتلك لخالد.

(5) هذا الباب مفتوح وذلك الباب مُغْلَق.

(6) لمن هذه الساعة؟ هي لعبّاس.

(7) أهذا البيت للطبيب؟ لا. هو للمدرس.

(8) أهذه الدرّاجة لابن المؤذّن؟ نعم.

(9) من هذا الولد؟ هو طالب من الصين.

(10) أذلك البيت جديد؟ لا. هو قديم جدًّا.

(11) هذه السيارة من اليابان وتلك من أَمْريكَا.

(12) هذا السِّكِّينٌ من أَلَمانيا وتلك الملعقة من إنكلَترّا.

(3)اِقرأ المثال الآتي ثم حوّل الجُمَلَ الآتية مِثْلَهُ: (مسالنى ئوقۇپ ئاندىن تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇنىڭغا ئوخشاش ئۆزگەرتىڭ)

مثال :هذا كتابٌ. هذا الكتابُ لمحمدٍ.

(1)هذا طبيب. ..................... من الهند.

(2)هذه سيّارة ..................... للمدير.

(3)ذلك ولد. ..................... ابن المدرس.

(4)تلك ساعة. ..................... من سُويِسْرا.

(5)هذا بيت. ..................... للمهندس.

(6)هذا قلم. ..................... لعبّاس.

(7)ذلك رجل. ..................... مؤذّن.

(8)هذه بَيْضَة. ..................... كبيرةٌ.

(9)هذا منديل. ..................... وَسِخ.

(10)هذه حقيبة. ..................... للمدرس.

(4)اِقرأ المثال الآتي ثم كوّن أسئلةً وأجوبةً مثله :(تۆۋەندىكى مسالنى ئوقۇڭ ئاندىن ئۇنىڭغا ئوخشاش سۇئاللار ـ جاۋابلارنى شەكىللەندۈرۈڭ)

مثال : لِمن هذا الكتابُ  هذا الكتاب لمحمد. ( محمد )

(1)...............  ..........(عباس)

(2)...............  ..........(عليّ)

(3)................  ..........(المدير )

(4)................  ..............(الفلاّح)

(5)................  ..........(المدرس)

(6)................  ..........( عمّار)

(7)................  .......(بنت الفلاّح )

(8)................  ..........(ابن المدير)

(9)................  .............(الطبيب )

(10)............  .............(الطالب)

(5)تأملْ الأمثلة الآتيـة: (تۆۋەندىكىلەرنى ئويلىنىڭ)

| | | | |
|---|---|---|---|
| البيتُ | في البيتِ | من البيتِ | إلى البيتِ |
| المُسْتَشْفَى | في المُسْتَشْفَى | من المُسْتَشْفَى | إلى المُسْتَشْفَى |
| أَمْريكا | في أمريكا | من أمريكا | إلى أمريكا |
| أَلمانِيَا | في ألمانيا | من ألمانيا | إلى ألمانيا |

(6)اِقـرأ واكتـب: ( تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇڭ ۋە يېزىڭ)

(1) هذا الطبيب من إنكلترّا.
(2) ذهب حامد إلى فَرَنْسا.
(3) محمود مريض. هو الآن في المستشفى.
(4) ذهب عبد الله من ألمانيا إلى إنكلترّا.
(5) هذا الكتاب لعِيسَى وذلك الكتاب لِموسَى.
(6) هذا المهندس من أمريكا.

(7)اقـرأ: ( تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇڭ)

(1) السبورة أمامَ الطالبِ وهي خَلْفَ المدرسِ.
(2) أين سيّارة المدرسِ؟ هي أمامَ المدرسةِ.
(3) أين بيت الإمامِ؟ بيت الإمامِ خَلْفَ المسجدِ.
(4) أين جَلَسَ حامد؟ جلس خلف محمودٍ.

(5) ذَهَبَ عـمّار إلى المسجدِ وجلس أمام المِحْرابِ.

## الكَلِمَاتُ الجَدِيْدَةُ: (يىڭى سۆزلەر)

| | | |
|---|---|---|
| المستشفى ـ دوختۇرخانا | ألمانيا ـ گرمانيه | إنكلترا ـ ئەنگليه |
| سويسرا ـ شۋىتساريه | السكين ـ پىچاق | فرنسا ـ فرانسيه |
| أمام ـ ئالدى | | خلف ـ كەينى |

# (9)الدَّرْسُ التَّاسِعُ

## (أ)

**مَنْ هذا الرَّجل؟**ـبۇئەر كىم ؟

**هو عباس**ـئۇ ئاباباس .

**عبّاس تاجرٌ** ـئاباباس سودىگەر .

**عبّاس تاجر غَنِيٌّ** ـئاباباس باي سودىگەر .

**حامد مدرِّسٌ**ـهامىد ئۇقۇتقۇچى .

**حامد مدرِّسٌ جَدِيدٌ**ـهامىد يېڭى ئۇقۇتقۇچى .

**ما هذا؟**ـبۇ نىمە ؟

**هذا تفاح**ـبۇ ئالما .

**التفاح فاكِهَةٌ لَذِيْذَةٌ**ـئالما لەززەتلىك مىۋە .

**ما ذلك؟**ـئاۋۇ نىمە ؟

**ذلك عُصفُوْرٌ** ـئاۋۇ قۇچقاچ .

**العُصْفُوْرُ طائِرٌ صغِيرٌ** ـقۇچقاچ كىچىك ئۇچارلىق .

**العربية لُغَةٌ سَهْلَةٌ** ـئەرەپ تىلى ئاسان تىل .

**العربية لُغَةٌ جَمِيْلَةٌ** ـئەرەپ تىلى گۈزەل تىل.

**عمَّار طالب مُجْتَهِدٌ ، ومحمودٌ طالبٌ كَسْلانُ**

ئەممار تىرىشچان ئۇقۇغۇچى ۋە مەھمۇد هورۇن ئۇقۇغۇچى .

**مَنْ أنتَ؟**ـسىز كىم ؟

**أنا طالبٌ** ـمەن ئوقۇغۇچى .

**أ أنتَ طالبٌ جديدٌ ؟**ـ سىز يېڭى ئوقۇغۇچىمۇ .

**نعم. أنا طالبٌ جديدٌ** ـ ھەئە. مەن يېڭى ئوقۇغۇچى .

## بۇ دەرستىكى گراماتىكىلىق قائىدىلەر:

### 1- مەزمۇن: سۈپەتلىك سۆز بىرىكمىسى توغرىسىدا

سۈپەتلىك سۆز بىرىكمىسى ـــ بىر ئىسىمنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىر ئىسىم كېلىپ ئۇنى سۈپەتلىگەن سۆز بىرىكمىسىدىن ئىبارەت. مەسلەن:

أَنَا طَالِبٌ جَدِيْدٌ (مەن يېڭى ئوقۇغۇچى)
هِيَ الطَّالِبَةُ الْجَدِيْدَةُ (ئۇ يېڭى قىز ئوقۇغۇچى)
دېگەنگە ئوخشاش.

سۈپەتلىك سۆز بىرىكمىسى سۈپەتلەنگۈچى بىلەن سۈپەتلىگۈچىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار مۇنداق تۆت جەھەتتىن بىر-بىرىگە ماسلىشىپ كېلىدۇ:

1) ئىئراب (يەنى ئاخىرىنىڭ ھەرىكىتى) جەھەتتە ماسلىشىدۇ. مەسلەن:

هٰذَا كِتَابٌ جَدِيْدٌ (بۇ يېڭى كىتاب)
قَرَأْتُ كِتَابًا جدِيْدًا (مەن يېڭى كىتابنى ئوقۇدۇم)
هٰذَا اسمُ كِتَابٍ جَدِيدٍ (بۇ يېڭى كىتابنىڭ ئىسمىدۇر)

2) جىنس (يەنى ئەرلىك ۋە ئاياللىق) جەھەتتە ماسلىشىدۇ. مەسلەن:

أَحْمَدُ لَهُ ابْنٌ كَبِيرٌ وَبِنْتٌ صَغِيْرَةٌ
(ئەھمەدنىڭ بىر چوڭ ئوغلى ۋە بىر كىچىك قىزى بار)

3) سان (يەنى بىرلىك، ئىككىلىك ۋە كۆپلۈك) جەھەتتە ماسلىشىدۇ. مەسىلەن:
لَنا مُدِيرٌ صالِحٌ (بىزنىڭ بىر ياخشى مۇدىرىمىز بار)
4) ئېنىق ۋە ئېنىقسىز بولۇش جەھەتتە ماسلىشىدۇ. مەسىلەن:
هِيَ الطَّالِبَةُ الْجَدِيدَةُ (ئۇ يېڭى قىز ئوقۇغۇچى)
اَلْعَرَبِيَّةُ لُغَةٌ سَهْلَةٌ (ئەرەب تىلى ئاسان تىلدۇر)
دېگەنلەرگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: تۈرلەنمەيدىغان سۈپەتداش ئىسىملار توغرىسىدا

كَسْلانُ، جَوْعَانُ، عَطْشَانُ، غَضْبَانُ، مَلآنُ ... لارغا ئوخشاش ئىسىملار تولۇق تۈرلەنمەيدىغان ۋە تەنۋىننى قوبۇل قىلمايدىغان سۈپەتداش ئىسىملاردۇر.

بۇ ئىسىملارنىڭ ئاخىرى تەنۋىن ۋە زىر ھەرىكەتنى قوبۇل قىلمايدۇ، بەلكى تاق پىش ۋە تاق زەبەرلىكلا ئوقۇلىدۇ، زىرلىك ئوقۇلىدىغان ئورۇندا زەبەرلىك ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

أَنَا جَوْعَانُ (مېنىڭ قورسىقىم ئاچ)
أَأَنْتَ باكِيَةٌ مِنْ عَطْشَانَ (سىز ئۇسسۇزلۇقتىن يىغلىدىڭىزمۇ)
دېگەنگە ئوخشاش.

## 3- مەزمۇن: «اَلآنَ» ۋە «عِنْدَ» توغرىسىدا

«اَلآنَ» ـــ «ھازىر» دېگەن مەنىدە؛ «عِنْدَ» ـــ «قېشىدا»، «يېنىدا» دېگەن مەنىدە.
ئاتىلىشى: «اَلآنَ» ـــ ۋاقىت رەۋىشى؛ «عِنْدَ» ـــ ئورۇن رەۋىشى.
ئىشلىتىلىشى: «اَلآنَ» ـــ ۋاقىتنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ؛ «عِنْدَ» ـــ ئورۇننى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.
ۋەزىپىسى: جۈملىدە رەۋىش بولۇپ كېلىدۇ.

## 4- مەزمۇن: نىسبىي ئالماش (اِسْمُ الْمَوْصُولِ) توغرىسىدا

نىسبىي ئالماش ـــ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر مەنانى ئۇقتۇرالمايدىغان، پەقەت ئۆزىدىن كېيىنكى تولۇقلىغۇچىنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن قوشۇمچە مەنە ئىپادىلەيدىغان باغلىغۇچى سۆزدىن ئىبارەت.
«اَلَّذِي» .. گە ئوخشاش نىسبى ئالماشنىڭ كەينىدىن چوقۇم جۈملە كېلىشى كېرەك.

كەيندە كەلگەن جۈملە ئىسىملىق جۈملە بولسا (دىكى ، تىكى ) دەپ تەرجىمە قىلىمىز .
كەيندە كەلگەن جۈملە پېئىللىق جۈملە بولسا (غان ، قان ،گەن ، كەن ) دەپ تەرجىمە قىلىمىز .
نىسبىي ئالماش كەيندىكى جۈملە بىلەن قوشۇلۇپ بىر بۆلەكلىك رولنى ئوينايدۇ، ئايرىم جۈملە بولالمايدۇ.

نىسپى ئالماش توغرىسىدىكى مەزمۇنلار كىتابنىڭ 12- دەرسىدە تەپسىلى سۆزلىنىدۇ (ئاللاھ تەئالا خالىسا.)

# تَمارِيْنُ

**(1)اِقرأ واكتب: (تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇڭ ۋە يېزىڭ)**

**(1)محمد طالب قديم.**

**(2)أذلك الرجل مدرس جديد؟ لا. هو طبيب جديد.**

**(3)هذا درس سهل. (4)عباس تاجر شَهِير.**

**(5)بلال مهندس كبير. (6)الإِنْكِلِيْزِيَّةَ لغة صعبة.**

**(7) أ أنت رجل غنيّ؟ لا. أنا رجل فقير.**

**(8)القَاهِرَةُ مَدِينَةٌ كبيرة.**

**(9)أ أنت مدرس قديم؟ لا. أنا مدرس جديد.**

**(10)أحامد طالب كسلان؟ لا. هو طالب مجتهد.**

(2)ضع في الفراغ في الجمل الآتية نَعْتاً مناسباً (تۆۋەندىكى جۈمللەردىكى بوش ئورۇندا مۇناسىپ كەلىدىغان سۈپەتنى قويۇڭ)

(1)خديجة طالبة............. (2)خالد تاجر.......................

(3)العربية لغة................ (4)العصفور طائر................

(5)التفاح فاكهة............. (6)أنا مدرس......................

(7)محمد طبيب............. (8)الإنكليزية لغة................

(9)أ أنت طالب............. (10)القاهرة مدينة.............

(3)ضع في المكان الخالي في الجمل الآتية منعوتاً مناسباً: (تۆۋەندىكى جۈمللەردىكى بوش ئورۇندا مۇناسىپ كەلىدىغان سۈپەتنى قويۇڭ)

(1)العربية......... سهلة. (2)أنا ............... قديم.

(3)عمّار............غني. (4)هـذا ........... مكسور

(5) فيصل .................... كسلان.

(4)اِقْـرَ أْ : (تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇڭ)

كَسْلانُ .جَوْعَانُ. عَطْشَانُ. غَضْبَانُ. ملآن.

(1)أنا جوعان (2)أ أنت جوعـان؟ لا ، أنـا عطشـان.

(3)لماذا المدرس غضبان اليوم؟ (4)الـكـوب ملآن.

الكَلِمَاتُ الْجَدِيْدَةُ: (يېڭى سۆزلەر)

| | | | |
|---|---|---|---|
| اللغـةـتىل | شهيرـمەشهۇر | المدينـةـشەھەر | الطـائرـئۇچارلىق |
| اليـومـبۈگۈن | كسـلانـھورۇن | جوعـانـئاچ | عطشـانـئۇسسۇز |
| ملآنـتوق | غضبـانـغەزەپلەنگۈچى | العصفـورـقۇچقاچ | اليَـوْمَـبۈگۈن |

## (ب)

**أين المـدرسُ؟**ـ ئوقۇتقۇچى قەيەردە؟

**هو في الفصـل** ـ ئۇ سىنىپتا.

**وأين المدرسُ الجديدُ؟**ـ يېڭى ئوقۇتقۇچى قەيەردە؟

**هو عِنْدَ المدير** ـ ئۇ مۇدىرنىڭ يېنىدا.

**أين الطالبُ الجديدُ؟**ـ يېڭى ئوقۇغۇچى قەيەردە؟

**ذهب إلى الـمَكْتَبَةِ**ـ ئۇ كۇتۇپخانىغا كەتتى.

**مَنْ ذلِكَ الرَّجلُ الطويلُ الذي خَرَجَ الآنَ من المدرسة؟**

ھازىرمەكتەپتىن چىققان ئاۋۇ ئېگىز بويلۇق كىشى كىم؟

**هو المديرُ الجـديدُ**ـ ئۇ يېڭى مۇدىر.

**ومن الولدُ الصغيرُ الذي خرج الآن من الفصل؟**

ھازىرسىنىپتىن چىققان كىچىك بالا كىم؟

**هو ابن المدير الجديد**ـ ئۇ يېڭى مۇدىرنىڭ ئوغلى.

**لِمَنْ تلك السيارةُ الجْميلةُ؟**ـ ئاۋۇ چىرايلىق ماشىنا كىمنىڭ؟

**هي للمدير الجـديـدِ**ـ ئۇ يېڭى مۇدىرنىڭ.

**لِـمَنْ  هذا الكتابُ الكبيرُ؟ أهو للمدرسِ؟**

بۇ چوڭ كىتاب كىمنىڭ؟ ئۇ ئوقۇتقۇچىنىڭمۇ؟

**لا، هو  للطالب الجديدِ**ـ ياق،ئۇ يېڭى ئوقوغۇچىنىڭ.

**أين  الملعقةُ الصَغيرةُ؟**

كىچىك قوشۇق قەيەردە؟

**هي  في  الكُـوب**ـ ئۇ ئىستاكاندا.



**أين  الكرسيُّ المكسـورُ؟**ـسۇنۇق ئورۇندۇق قەيەردە؟

**هو   هنـاك**ـ ئۇ ئاۋۇ يەردە.

## تَمـارينُ

**(1)  اِقـرأ واكتـب: (تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇڭ ۋە يېزىڭ)**

(1)الطبيبُ الجديدُ في المستشفى والطبيب القديم في المُسْتَوْصَف.
(2)القلم المكسور على المكتب.
(3)المِرْوَحَةُ الجديدة في الغرفة الكبيرة.
(4)اللغة العربية سهلة.
(5)الولد الطويل الذي خرج من الفصل الآن طالب من الهند.
(6)أنا في المدرسة الثانوِيَّة.
(7)ذهب الرجل الفقير إلى الوزير.
(8)جلس الطالب الجديد خَلْفَ حامد.
(9)السكين الكبير حاد جداً.
(10)من هذا الولد الصغير؟ هو آبن المدرس الجديد.

---

(2)إملأ في الفراغ فيما يلي بالنعت الذي بين قوسين بعد تحليته بـ عند اللزوم.
(ئىككى تىرناق ئارىسىدىكى سۆيەت بىلەن لازىم بولغاندا ئەلىف ـ لام(ال)نى قوشقاندىن كىيىن تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭ)

(1)أين المدرس ..........................................؟ (جديد)
(2)التاجر.......................................... في السوق . (كبير)
(3)أنا طالب........................................................( قديم)
(4)جلس الطالب ................................. خلف محمد. (جديد)

(5)من الولد.......................  الذي خرج الآن من الفصل؟ (طويل)

(6)عمار ولد...... .. ..................................(قصير)

(7)فيصل طبيب ....................................( شهير)

(8)لمن هذا السرير.................................... ؟ (مكسور)

(9)هذا قلم .....................................(مكسور)

(10)أين السكين ..................................؟ (حاد)

(11)لمن هذه السيارة.................................. ؟ (جميلة)

(3) اِقـرأ: (تۆوەندبكلەرێ ئوقۆك)

(1)الطالب الذي خرج من الفصل الآن من إندونيسيا.

(2)الكتاب الذي على المكتب للمدرس.

(3)لمن هذا القلم الجميل الذي على المكتب؟

(4)البيت الكبير الذي في ذلك الشارع للوزير.

الكلمات الجديدة (پىڭى سۆزلەر)

الْمَكْتَبَةُ ـ كۇتۇپخانا    الآنَ ـ هازىر    المِرْوَحَةُ ـ شامالدۇرغۇچ

الْمُسْتَوْصَفُ ـ دوراخانا    الْمَدْرَسَةُ الثانَوِيَّةُ ـ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ

الوَزِيْرُ ـ مىنىستىر    شَهِيْرٌ ـ مەشهۇر    حَادٌّ ـ ئۆتكۈر

# (10)الدَّرْسُ الْعَاشِـرُ

**حامد : من أنت ؟**

هامد : سىز كىم ؟

**محمد :أنا طالب بالجامعة .**

مۇھەممەد : مەن ئۇنۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىسى .

**حامد : أأنت طالب جديد ؟**

هامد : سىز يېڭى ئوقۇغۇچىمۇ ؟

**محمد :نعم أنا طالب جديد .**

مۇھەممەد : ھە ئە مەن يېڭى ئوقۇغۇچى .

**حامد :من اين أنت ؟**

هامد : سىز قەيەردىن ؟

**محمد : أنا من الهند .**

مۇھەممەد : مەن ھىندىستاندىن .

**حامد :مااسمك ؟**

هامد : سىزنىڭ ئىسمىڭىز نىمە ؟

**محمد :إسمي محمد .**

مۇھەممەد : ئىسمىم مۇھەممەد .

**حامد :ومن هذا الفتي الذي معك ؟**

هامد : يېنىڭىزدىكى قىز كىم ؟

**محمد :هو زميلي .**

مۇھەممەد : ئۇ مىنىڭ ساۋاقدىشىم .

**حامد :أهو ايضا من الهند ؟**

هامد : ئۇمۇ ھىندىستاندىنمۇ ؟

**محمد : لا . هو من اليابان .**

مۇھەممەد : ياق ، ئۇ ياپونىيەدىن .

**حامد : مآاسمه ؟**

هامد : ئۇنىڭ ئىسمى نىمە ؟

**محمد : إسمه حمزة .**

مۇھەممەد : ئۇنىڭ ئىسمى ھەمزە .

**حامد : مالغتك يامحد ؟**

هامد : تىلىڭىز نىمە ؟

**محمد :لغتي الأردية .**

مۇھەممەد: تىلىم ئوردا تىلى .

**حامد : أهي لغة سهلة؟**

هامد : ئۇ ئاسان تىلمۇ ؟

**محمد : نعم. هي لغة سهلة .**

ھەئە. ئاسان تىل .

**حامد :وحمزة, مالغته؟**

هامىد: ھەمزە ، ئۇنىڭ تىلى نىمە ؟

**各部の名称と使いかた** **محمد : لغته اليابانية وهي لغة صعبة**

مۇھەممەد : ئۇنىڭ تىلى ياپۇن تىلى ۋە ئۇ قىيىن تىل .

**حامد :اين أبوك يامحمد ؟**

هامىد : ئى مۇھەممەد! دادىڭىز قەيەردە ؟

**محمد : أبي في الكويت, هوطبيب شهير .**

مۇھەممەد : دادام كۇۋەيتتە ،ئۇ داڭلىق دوختۇر .

**حامد : وأين أمك ؟**

هامىد : ئانىڭىز قەيەردە ؟

**محمد : هي أيضا في الكويت مع أبي . هي مدرسة هناك .**

**مۇھەممەد : ئۇمۇ ھەم دادام بىلەن كۇۋەيتتە ، ئۇ شۇيەردە ئۇقۇتقۇچى .**

**حامد : أذهبت الي الكويت يامحمد ؟**

هامىد : ئى مۇھەممەد! سىز كۇۋەيتكە بارغانمۇ ؟

**محمد : نعم. ذهبت ـ ھەئە. باردىم .**

**وزميلك وأين أبوه ؟**

ساۋاقدىشىڭىز, ئۇنىڭ دادىسى قەيەردە ؟

**محمد : أبوه في اليابان . هوتاجر كبير .**

ئۇنىڭ دادىسى ياپۇنىيەدە. ئۇ داڭلىق سودىگەر.

**حامد :ألك أخ يا محمد ؟**

هامد : مۇھەممەد سىزنىڭ بىرتۇققىنىڭىز بارمۇ ؟

**محمد : نعم . لي أخ واحد , إسمه أسامة , وهو معي هنا في المدينة المنورة .**

ھەئە ، مىنىڭ بىر قېرىندىشىم بار،ئۇنىڭ ئىسمى ئۇسامە ، ئۇ مەن بىلەن بۇ يەردە مەدىنە مۇنەۋۋەردە .

**ولي أخت واحدة اسمها زينب , وهي في العراق مع زوجها . زوجها مهندس .**

مىنىڭ بىر ھەمشىرەم بار، ئىسمى زەينەب ، ئۇ يولدىشى بىلەن ئىراقتا . ئۇنىڭ يولدىشى ئىنژىنىر.

**حامد: أعندك سيارة ياأخي ؟**

هامد : قېرىندىشىم ماشىڭىز بارمۇ ؟

**محمد : لا . ماعندي سيارة .عندي دراجة . حمزة ,عنده سيارة .**

ياق . مىنىڭ ماشىنام يوق. مىنىڭ ۋېلىسىپىتىم بار . ھەمزە، ئۇنىڭ ماشىنىسى بار .

## بۇ دەرستىكى گىراماتىكىلىق قائىدىلەر:

### 1- مەزمۇن: ئۇلانما كىشىلىك ئالماش توغرىسىدا

بىز ئالدىنقى دەرسلىرىمىزدە مۇستەقىل كىشىلىك ئالماش توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىپ ئۆتكەن، ئەمدى بۇ دەرستە كىشىلىك ئالماشنىڭ ئىككىنچى بىر تۈرى بولغان ئۇلانما كىشىلىك ئالماش توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىمىز. ئۇلانما كىشىلىك ئالماش — مۇستەقىل ئىشلىتىلمەيدىغان، پەقەت سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپ ئىشلىتىلىدىغان كىشىلىك ئالماشتىن ئىبارەت.

III شەخس ئۆلانما كىشىلىك ئالماشلىرى مۇنۇلار:

هُ هُمَا هُمْ هَا هُمَا هُنَّ

بۇ ئالماشلار ئىسىمنىڭ ئاخىرىغا ئۇلانسا ئىنىقلىغۇچى، پېئىلنىڭ ئاخىرىغا ئۇلانسا تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

اِسْمُهُ أُسَامَةُ (ئۇنىڭ ئىسمى ئۇسامە)

اَسْمُهَا زَيْنَبُ (ئۇنىڭ ئىسمى زەينەب)

فَهِمْتُهُ (مەن ئۇنى چۈشەندىم)

دېگەنگە ئوخشاش.

II شەخس ئۇلانما كىشىلىك ئالماشلىرى مۇنۇلار:

كَ كُمَا كُمْ كِ كُمَا كُنَّ

بۇلارمۇ ئىسىمنىڭ ئاخىرىغا ئۇلانسا ئىنىقلىغۇچى، پېئىلنىڭ ئاخىرىغا ئۇلانسا تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

مَا اسْمُكَ (ئىسمىڭ نېمە) أَيْنَ أَبُوكَ (داداڭ قەيەردە)

مَنْ خَلَقَكُمْ (سىلەرنى كىم ياراتتى)

دېگەنگە ئوخشاش.

I شەخس ئۇلانما كىشىلىك ئالماشلىرى مۇنۇلار:

يْ نَا

بۇلارمۇ ئىسىمنىڭ ئاخىرىغا ئۇلانسا ئىنىقلىغۇچى، پېئىلنىڭ ئاخىرىغا ئۇلانسا تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ ۋە ئەر-ئاياللغا ئورتاق ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

اسمي محمد (ئىسمىم مۇھەممەد)

فَصْلُنَا جَمِيْلٌ (سىنىپىمىز چىرايلىق)

خَلَقَنَا اللهُ (بىزنى ئاللاھ ياراتتى)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: «ذَهَبْتَ» توغرىسىدا

«ذَهَبَ»گە ئوخشاش III شەخس ئەرلىك بىرلىك ئىنىق ئۆتكەن زامان پېئىلنىڭ ئاخىرىغا ئالدى سۈكۈن ئوقۇلغۇچى زەبەرلىك «ت» ئۇلانسا، ئۇ II شەخس ئەرلىك بىرلىك ئىنىق ئۆتكەن زامان پېئىلغا ئايلىنىدۇ. ئەگەر ئالدى سۈكۈن ئوقۇلغۇچى پىشلىك «ت» ئۇلانسا، I شەخس ئەر-ئاياللغا ئورتاق بىرلىك ئىنىق ئۆتكەن زامان پېئىلغا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن:

أَذَهَبْتَ إِلَى الْكُوَيْتِ يَا مُحَمَّدُ؟ (ئى مۇھەممەد! كۇۋەيتكە باردىڭمۇ؟)
نَعَمْ، ذَهَبْتُ. (شۇنداق، باردىم.)
دىگەنگە ئوخشاش.

### 3- مەزمۇن: «لِ» ۋە «عِنْدَ»نىڭ ئىشلىتىلىشى توغرىسىدا

بىر نەرسىنىڭ ياندا بارلىقىنى ئۇقتۇرۇشتا ئادەملەر ئۈچۈن «ل»، نەرسىلەر ئۈچۈن «عِند» ئىشلىتىلىدۇ. ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. مەسىلەن:

عِنْدِي كِتَابٌ (مېنىڭ كىتابىم بار) لِي أَخٌ (مېنىڭ قېرىندىشىم بار)

دىگەنگە ئوخشاش.

مەزكۇر «ل» ئەسلىدە زىرلىك ئوقۇلىسىمۇ، لېكىن «ي»دىن باشقا ئۇلانما كىشىلىك ئالماشلار ئۇلانغاندا يەككىلىكنى كۆزدە تۇتۇپ زەبەرلىك ئوقۇلىدۇ: «لِي»، «لَه»، «لَكَ»، «لَها» ... دىگەنگە ئوخشاش.

### 4- مەزمۇن: «مَعَ» توغرىسىدا

«مَعَ» ــــ ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئورنى ياكى ۋاقتىنى ئۇقتۇرىدىغان ئىسىم بولۇپ، رەۋىش بولغانلىقى ئۈچۈن زەبەرلىك ئوقۇلغان. مەسىلەن:

خَرَجَ حَامِدٌ مَعَ خَالِدٍ (ھامىد خالىد بىلەن بىر ۋاقىتتا چىقىپ كەتتى)
جَلَسَ الْمُدَرِّسُ مَعَ الْمُدِيرِ (ئوقۇتقۇچى مۇدىر بىلەن بىر ئورۇندا ئولتۇردى)

### 5- مەزمۇن: تولۇق تۈرلىنىدىغان خاس ئىسىملار توغرىسىدا

مُحَمَّدٌ، خَالِدٌ، حَامِدٌ ... لارغا ئوخشاش ئىسىملارنىڭ ئاخىرى تەنۋىنلىك ئوقۇلىدۇ ۋە ئۈچىلى ھەرىكەت بىلەن تولۇق تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

مُحَمَّدٌ مِنْ مُحَمَّدٍ

دىگەنگە ئوخشاش.

حَمْزَةُ، طَلْحَةُ، أُسَامَةُ ... لارغا ئوخشاش ئىسىملار تولۇق تۈرلەنمەيدىغان ۋە تەنۋىننى قوبۇل قىلمايدىغان ئەرلىك جىنستىكى خاس ئىسىملاردۇر.
بۇ ئىسىملارنىڭ ئاخىرىمۇ تەنۋىن ۋە زىر ھەرىكەتنى قوبۇل قىلمايدۇ، بەلكى تاق پېش ۋە تاق زەبەرلىكلا ئوقۇلىدۇ، زىرلىك ئوقۇلىدىغان ئورۇندا زەبەرلىك ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

مُعَاوِيَةُ فِي مُعَاوِيَةَ

دېگەنگە ئوخشاش.

**6- مەزمۇن: ئاخىرنى زىر قىلغۇچى ھەرپلەر كىرگەن ئىسملارنىڭ سۈپەت بولۇشى توغرىسىدا**

ئېنىقسىز ئىسىمدىن كېيىن بېشىغا زىر ئوقۇتقۇچى ھەرپ كىرگۈزۈلگەن ئىسىم كەلسە، ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كەلگەن ئىسىمنىڭ سۈپىتى بولىدۇ. مەسىلەن:

أَنَا طَالِبٌ بِالْجَامِعَةِ (مەن ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىسى) دېگەنگە ئوخشاش.

بۇ جۈملىدە «بِالْجَامِعَةِ» دېگەن ئىسىم «طَالِبٌ» دېگەن ئىسىمنىڭ سۈپىتى بولۇپ كەلگەن.

هُمْ أَطِبَّاءُ مِنْ أَمْرِيْكَا (ئۇلار ئامېرىكىلىق دوختۇرلار)

بۇ جۈملىدە «مِنْ أَمْرِيْكَا» دېگەن ئىسىم «أَطِبَّاءُ» دېگەن ئىسىمنىڭ سۈپىتى بولۇپ كەلگەن.

## تمارين

**(1)أجب عن الأسئلة الآتية: (تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ)**

(1)مااسمك؟ (2) من أين أنت؟
(3) ما لُغَتُك؟ (4) أين أبوك؟
(5) أين أمّك؟ (6) ألك أخ؟
(7) ألك أخت؟ (8) أعِندَك سيارة؟
(9) أعندَك درّاجة؟ (10) أعندَك قلم؟

(11) أعندك دفتر؟ (12) أ أبـوك تاجر؟

(13) من أين محمدٌ ؟ (14) ما لغتـه؟

(15) أين أبـوه؟ (16) أين أمـه؟

(17) من أين حمزة؟ (18) ما لغتـه؟

(19) أين أبـوه؟ (20) أين زينـبُ؟

(21) أين زوجهـا؟ (22) أزوجها مدرس؟

---

(2) ضع في الفراغ فيما يلي الضمير (ه/ ها): ( تۆۋەندىكى بوش ئورۇندا (ه)ياكى (ها) دىگەن ئالماشنى قويۇڭ)

(1)هذه البنت طالبة. اِسمـ .............................. زينب.

(2)محمد طبيب. وابنـ ................................. مهندس.

(3)هذا الرجل تاجر كبير. اسمـ.............................. عبد الله.

(4)آمنة في الغرفة وأمّـ ................................. في المطبخ.

(5)عائشة طبيبة وأختـ ................................... ممرضة.

(6)خرج محمد من الفصل وخرج مَعَـه زميلـ. ..........................

(3)هات خمسة أسئلة وأجوبة كالمثال الآتي: (تۆۋەندىكى مىسالدىكىگە ئوخشاش بەش سوئال ۋە بەش جاۋاب تۈزۈپ چىقىڭ)

أعِنْدكَ قَلَمٌ ؟ نعم. عِنْدِي قَلَمٌ.

(4)هات خمسة أسئلة وأجوبة كالمثال الآتي: (تۆۋەندىكى مىسالدىكىگە ئوخشاش بەش سوئال ۋە بەش جاۋاب تۈزۈپ چىقىڭ)

أعِنْدكَ قَلَمٌ ؟ لا. ما عِنْدِي قَلَمٌ.

(5)تأَمَّل ما يلي: (تۆۋەندىكىلەرنى ئويلىنىڭ)

بَيْتٌ

بَيْتِي
بَيْتُكَ



بَيْتُها
بَيْتُهُ

(6) أَضِفْ الأسماء الآتية إلى المتكلم والمخاطب والغائب والغائبة كما هو موضّح في المثال: ( مسالدا كۆرستلگەندىكىدەك تۆۋەندىكى ئىسملارنى بىرىنچى شەخس بىرلىك(المتكلم ) ۋە ئىككىنچى شەخس ئەرلىك بىرلىك (المخاطب) ۋە ئۈچىنچى شەخس ئەرلىك بىرلىك (الغائب) ۋە ئۈچىنچى شەخس ئاياللىق بىرلىك( الغائبة) ئالماشلىرىغا قوشۇڭ)

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| قَلَمٌ | هذا قلمي | هذا قلمك | هذا قلمه | هذا قلمها |
| كتابٌ | ............................................... | | | ............... |
| سرير | ............................................... | | | ............... |
| اسْمٌ | ............................................... | | | ............... |
| منديلٌ | ............................................... | | | ............... |
| اِبْنٌ | ............................................... | | | ............... |
| سيَّارة | ............................................... | | | ............... |
| مفتاح | ............................................... | | | ............... |
| يد | ............................................... | | | ............... |

(7)اِقرأْ : ( تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇڭ)

لِي  لَكَ  لَهُ  لَهَا

(1)لي أختٌ واحدةٌ.

(2) أَلَكَ أَخٌ ؟ لا، ما لِي أَخ.

(3) أُخْتِي لَهَا طِفْلٌ صغير.

(4)زَمِيلي له أَخٌ و أُختٌ.

(نقول :عِنْدي كتاب. ونقول: لِي أَخٌ . لا نقول :عِنْدي أَخٌ ).

(8)مَـعَ:

(1)خرج حامد مَع خالدٍ.

(2)ذهب الطبيبُ مَعَ المهندسِ.

(3)جَلَسَ المدرسُ مَعَ المدير.

(4)مَنْ مَعَكَ يا عليّ؟ مَعِي زَميلي.

(5)آمنة معها زَوْجُها.

(6)خَرَجَ أبي من البيت. مَنْ خَرَجَ مَعَهُ؟ خَرَج مَعَهُ عَمِيّ.

(9)

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| بَيْتٌ | بَيْتُكَ | بَيْتُهُ | بَيْتُهَا | بَيْتِي |
| أَب | أَبُوكَ | أَبُوهُ | أَبُوهَا | أَبِي |
| أَخٌ | أَخُوكَ | أَخُوهُ | أَخُوهَا | أَخِي |

(1)أبي وأميّ فِي البيت.

(2)أين أبوك يا حامد؟ ذهب إلى السوق.

(3)أ أخوك طبيب؟ لا، هو مدرس.

(4)زينب في الرياض. أخوها في الطائف وأبوها في المدينة المنورة.

(5)هذا الطالب أبوه وزير وأخوه تاجر كبير.

(6)ذهب أخي إلى المدرسة وذهب أبي إلى الجامعة.

---

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| محمدٌ | خالدٌ | حامدٌ | عباسٌ | محمودٌ |
| حَمزَةُ | طَلْحَةُ | أُسامَةُ | مُعَاوِيَةُ | عِكْرِمَةُ |

(10)اِقرأ الأسماء الآتية واضبط أواخرها: ( تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا تاۋۇش بەلگىسىنى قويۇپ ئوقۇڭ ۋە يېزىڭ)

خالد .حمزة. عمار. أنس. معاوية. حامد. أسامة .عكرمة. عباس. محمد. طلحة.

الكلمات الجديدة: (يېڭى سۆزلەر)

الزَّمِيْلُ ـساۋاقداش الزَّوْجُ ـئەر واحِدٌ ـبىر

فَتىً ـيىگىت مَعَ ـبىلەن الطِّفْلُ ـكىچىك بال

الكُوَيْتُ ـكۇۋەيت اللغَةُ ـتىل

# (11)الدَّرْسُ الحَادِي عَشَرَ

## بَـيْـتِي

## (منىڭ ئۆيۈم)

هذا بيتي. بيتي أمام المسجد. بيتي جميلٌ . فيه حديقةٌ صغيرةٌ ـ بۇ منىڭ ئۆيۈم . ئۆيۈم مەسچىتنىڭ ئالدىدا. ئۆيۈم چىرايلىق. ئۆيۈمدە كىچىك باغ بار.

هذه غرفتي. فيها نافذةٌ كبيرةٌ ومروحةٌ جَمِيلةٌ ـ بۇ منىڭ ياتاق ئۆيۈم. بۇنىڭدا چوڭ بىردەرىزە ۋە چىرايلىق بىر شامالدۇرغۇچ بار.

هذا سريري وهذا كُرسيِّي وهذا مكتبي ـ بۇ منىڭ كارۋىتىم ، بۇمنىڭ ئۇرۇندۇقۇم، بۇبولسا منىڭ كىتابىم .

ساعتي وقلمي وكتابي على المكتب. وحقيبتي تحت المكتب. نافذة غرفتي مفتوحة ـ منىڭ سائىتىم،قەلىمىم،كىتابىم، ئۈستەل ئۈستىدە .كىتابىم بولسا ئۈستەلنىڭ ئاستىدا .منىڭ ياتاق ئۆيۈمنىڭ دەرىزىسى ئۇچۇق .

هذه غرفةُ أخي. وتلك غرفةُ أختي. غرفةُ أخي كبيرةٌ وغرفةُ أختي صغيرة ـ بۇ قېرىندىشىمنىڭ ياتىقى. ئاۋۇ بولسا قىز قېرىندىشىمنىڭ ياتىقى. قېرىندىشىمنىڭ ياتىقى چوڭ. قىزقېرىندىشىمنىڭ ياتىقى كىچىك.

غرفةُ أخي أمامَ غرفتي وغرفةُ أختي أمامَ المطبخ ـ قېرىندىشىمنىڭ ياتىقى منىڭكى ياتىقىمنىڭ ئالدىدا، ۋە قىز قېرىندىشىمنىڭ ياتىقى ئاشخانا ئالدىدا .

لِي أَخٌ واحدٌ اسمهُ أسامةُ، ولِي أختٌ واحدةٌ اسمُها سُعَادُ ـمنىك بىرقېرىندىشىم بار ئىسمى ئۇسامە ۋە بىر قىز قېرىندىشىم بار ئىسمى سۇئاد .

أبي وأمي فِي تلك الغرفة الكبيرة ـدادام بىلەن ئانام ئاۋۇ چوڭ ياتاقتا .

أنا أحبُّ أبي وأمي. وأحبّ أخي وأختي ـمەن دادام بىلەن ئانامنى ۋە قېرىندىشىم بىلەن سىڭلىمنى ياخشى كۆرىمەن .

## بۇ دەرستىكى گىراممانىكىلىق قائىدىلەر :

### 1- مەزمۇن: ئۇلانما كىشىلىك ئالماشلارنىڭ بېشىغا ئاخىرىنى زىر قىلغۇچى ھەرپلەرنىڭ كىرگۈزۈلۈشى توغرىسىدا

«ـهُ»، «ـهَا» ... لارغا ئوخشاش ئۇلانما كىشىلىك ئالماشلارنىڭ ئالدىغا «في»غا ئوخشاش ئاخىرىنى زىر قىلغۇچى قوشۇمچىلار كىرگۈزۈلسە، ئۇ ئاخىرىدىكى ئۇلانما كىشىلىك ئالماشلارنى ئورۇن جەھەتتىن زىر ئوقۇتۇپ، ئالدى قوشۇمچىلىق تولۇقسىز سۆز بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ ۋە كۆپىنچە ئىسىملىق جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

فِيهِ حَدِيْقَةٌ صَغِيْرَةٌ (ئۇنىڭدا كىچىك باغچا بار)

فِيْهَا نَافِذَةٌ كَبِيرَةٌ (ئۇنىڭدا چوڭ دېرىزە بار)

### 2- مەزمۇن: «أُحِبُّ» توغرىسىدا

«أُحبُّ» ـــ «أُفْعِلُ» ئۆلچىمدە كەلگەن ئەر-ئايالغا ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان I شەخس بىرلىك ئېنىق (معلوم) كەلگۈسى زامان پېئىلى بولۇپ، پائىلى ئۆز ئاستىغا يوشۇرۇنغاندۇر. پەرەزىي ئىبارىتى: «أُحِبُّ أَنَا».

مەسىلەن:

أَنَا أُحِبُّ أَبِي وَأُمِّي (مەن ئاتا-ئانامنى ياخشى كۆرىمەن)

# تَمارِيْنُ

(1)ا قـرأ واكتـب: (توّؤوندنكلهرنى ئوقوْكْ ۋه يزىلكْ)

(1)من في هذا البيت؟ فِيْهِ حامد.

(2)ماذا في الحقيبة؟ فِيْها كتابي وَقَلَمي ودفتري.

(3)من في السيارة؟ فيها أبي وأمي وأخي وأختي.

(4)من في مسجد الجامعة الآن؟ ما فيه أَحَدٌ.

(5)من في هذه الغرفة؟ فيها المدير.

---

(2)اقـرأ: (توّؤوندنكلهرنى ئوقوْكْ)

(1) أُحِبُ أبي وأمي.

(2)أحب أخي وأختي.

(3)أحب زميلي.

(4)أحبّ أستاذي.

(5)أحبّ اللهَّ.

(6)أحبّ النبيَّ صلى الله عليه وسلم.

(7)أحبّ اللغةَ العربِّية.

# (12) الدَّرْسُ الثَّاني عَشَرَ

**سُعاد :السلام عليكِ ورحمة الله وبركاته.**

سۇئاد :سىزگە ئاللاھنىڭ سالامى ۋە رەھمىتى ۋە بەركەتلىرى بولسۇن .

**البنتُ :وعليكِ السلام ورحمة الله وبركاته.**

قىز : سىزگىمۇ ئاللاھنىڭ سالامى ۋە رەھمىتى ۋە بەركەتلىرى بولسۇن .

**كَيْفَ حالُكِ يا بنتُ؟**

ئى قىز چاق! ئەھۋالىڭىز قانداق ؟



**أنا بخَيرْ والحمدُ لله.**

ئاللاھقا شۈكرى، مەن ياخشى.

**مِن أينَ أنتِ؟** ـ سىز قەيەردىن ؟

**أَنا من الرياض** ـ مەن رىيازدىن .

**ما اسمُكِ؟** ـ سىزنىڭ ئىسمىڭىز نىمە ؟

**اسمي آمنة** ـ ئىسمىم ئامىنە.

**أين أبـوكِ؟**ـ دادىڭىز قەيەردە ؟

**أبي هنا في المدينة المنورةِ. هو مُوَجِهٌ في المدرسةِ الثانَوِّيةِ.**

دادام مۇشۇيەردە يەنى مەدىنە مۇنەۋۋەردە. ئۇ تولۇق ئوتتۇرمەكتەپتە ئىلمى مۇدىر .

**وأين أمِّـك؟**ـ ئانىڭىز قەيەردە ؟

**هي أيضاً هنا. هي طبيبة في مستشفَى الولادة.**

ئۇمۇ ھەم بۇيەردە . ئۇ باللار دوختۇر خانىسىدا دوختۇر .

**ومن هذه الفتاةُ الّتي مَعَكِ؟ أهي أختُكِ؟**

سىز بىلەن تۇرغان بۇقىز كىم ؟ ئۇ سىزنىڭ ھەمشىرىڭىزمۇ ؟

**لا. هي بنتُ عمي**ّـ ياق . ئۇ تاغامنىڭ قىزى .

**ما اسمها؟**ـ ئۇنىڭ ئىسمى نىمە ؟

**اسمُها فاطمـة**ـ ئۇنىڭ ئىسمى فاتىمە .

**أهي، زَمِيْلَتُـكِ؟**ـ ئۇ سىزنىڭ ساۋاقدىشىڭىزمۇ ؟

**لا. أنا في المدرسة الْمُتَوَسِّطَةِ وهي في المدرسة الثانَوِيَّةِ.**

ياق . مەن تولۇقسىز ئوتتۇرمەكتەپتە ۋە ئۇ تولۇق ئوتتۇر مەكتەپتە.

**أَلَكِ أخـتٌ ؟**ـ سىزنىڭ ھەمشىرىڭىزمۇ ؟

**لا. ما لي أخت** ـ ياق. مىنىڭ سىڭلىم يوق .

**أَلَـكِ أخٌ ؟**ـ سىزنىڭ قېرىندىشىڭىز بارمۇ ؟

**نعم. لي أخ كبير وهو طالبٌ بالجامعة.**

شۇنداق، مىنىڭ چوڭ بىر قېرىندىشىم بولۇپ ئۇ ئۇنىۋېرستتا ئوقۇيدۇ.

**ومن هذا الطِفْل الذي مَعَكِ؟**

سز بىلەن تۇرغان بۇ بالا كىم ؟

**هو ابْن أخـي** ـ ئۇمنىڭ قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى .

**ما اْسمُـه؟**ـ ئۇنىڭ ئىسمى نىمە ؟

**اسمُـه سَعْدٌ** ـ ئىسمى سەئىد .

**أ أمِّك في البيت الآنَ؟**ـ ئانىڭىز ھازىر ئۆيدىمۇ ؟

**لا .ذَهَبَتْ إلى المستشفى** ـ ياق . ئۇ دوختۇرخانىغا كەتتى .

## بۇ دەرستىكى گرامماتىكىلىق قائىدىلەر :

### 1ـ مەزمۇن: «كَيْفَ» توغرىسىدا

مەنىسى: «قانداق؟».
ئاتىلىشى: سوراق ئالمىشى.
ئىشلىتىلىشى: ھالەتنى سوراش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.
خاراكتېرى: قاتتىق ئىسىم بولۇپ، ئاخىرىنىڭ ھەرىكەت ئۆزگىرىشى شەكلىدە ئاشكارا ئىپادىلەنمەيدۇ. مەسىلەن:
كَيْفَ حَالُكَ(ئەھۋالىڭىز قانداق)
دېگەنگە ئوخشاش.

### 2ـ مەزمۇن: نىسبىي ئالماش (اِسْمُ الْمَوْصُولِ) توغرىسىدا

نىسبىي ئالماش ـــ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر مەنانى ئۇقتۇرالمايدىـــغان، پەقەت ئۆزىدىن كېيىنكى تولۇقلىغۇچىنىڭ ۋاسـتىسى بىلەن قوشـۇمچە مەنە ئىپادىلەيدىغان باغلىغۇچى سۆزدىن ئىبارەت.

مەنىسى:
«اَلَّذِيْ» ۋە «اَلَّتِيْ» .. گە ئوخشاش نىسبى ئالماشنىڭ كەينىدىن چوقۇم جۈملە كېلىشى كېرەك.
كەينىدە كەلگەن جۈملە ئىسملىق جۈملە بولسا (دىكى ، تىكى ) دەپ تەرجىمە قىلىمىز .
كەينىدە كەلگەن جۈملە پېئىللىق جۈملە بولسا (غان ، قان ،گەن ، كەن ) دەپ تەرجىمە قىلىمىز .
نىسبىي ئالماش كەينىدىكى جۈملە بىلەن قوشۇلۇپ بىر بۆلەكلىك رولنى ئوينايدۇ، ئايرىم جۈملە بولالمايدۇ.
ئاتىلىشى: نىسبىي ئالماش (اِسْمُ الْمَوْصُولِ) دەپ ئاتىلىدۇ.
ئىشلىتىلىشى: بۇ دەرستە «اَلَّذِيْ» ۋە «اَلَّتِيْ»دىن ئىبارەت ئىككى نىسبىي ئالماش سۆزلەنگەن بولۇپ، «اَلَّذِيْ» ئەرلىك جىنس بىرلىك سان ئۈچۈن، «اَلَّتِيْ» ئاياللىق جىنس بىرلىك سان ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

مەسىلەن:
مَنْ هٰذِهِ الْفَتَاةُ الَّتِيْ مَعَكَ (سىز بىلەن تۇرغان بۇ قىزچاق كىم)
مَنْ هٰذَا الطِّفْلُ الَّذِيْ مَعَكَ (سىز بىلەن تۇرغان بۇ كىچىك بالا كىم)
دېگەنگە ئوخشاش.

## 3- مەزمۇن: «ذَهَبْتُ» توغرىسىدا

«ذَهَبَ»گە ئوخشاش III شەخس ئەرلىك بىرلىك ئىنىق ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ ئاخىرىغا سۇكۇنلۇق «ت» ئۇلانسا، ئۇ III شەخس ئاياللىق بىرلىك ئىنىق ئۆتكەن زامان پېئىلىغا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن:
ذَهَبَتْ إِلَى الْمُسْتَشْفَى (ئۇ دوختۇرخانىغا كەتتى)
دېگەنگە ئوخشاش.

## تمارين

(1) اقرأ واكتب: (تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇڭ ۋە يېزىڭ)

(1)كيف حالك يا أبي؟ (2)كيف حالك يا أمي؟

(3)أين ابنك يا زينب؟ ذهب إلى المسجد.

(4)أين بنتك يا آمنة؟ ذهبتْ إلى المدرسة.

(5)لمن هذه الساعة الجميلة ؟ أهي لك، يا فاطمة؟ نعم هي لي.

(6)أهذا قلمك يا محمد؟ لا. هذا قلمك أنتَ.

(7)تلك السيارة الجميلة التي خرجت الآن من المدرسة للمدير.

(8)أ أنت مهندس يا أَخي؟ لا أنا طبيب.

(9)أ أنتِ طبيبة يا أُختي؟ لا. أنا مدرسة.

---

(2)أقرأ كلَّ جملة من الجمل الآتية، ثم اقرأها أخرى بعد تغيير المنادى كما هو موضّح في المثال :(تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ ھەربىرىنى ئوقۇڭ، ئاندىن مىسالدا كۆرسىتىلگەندەك چاقىرىلغۇچى ئىسمنى ئۆزگەرتكەندىن كېيىن بۇ جۈملىلەرنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇڭ)

مثال:

أين قَلَمُكَ يا أبي؟ أين قَلَمُكِ يا أمي؟

أعندكَ قَلم يا محمد؟ ..................................يا آمنة؟

أين بيتكَ يا أُستاذي ..................................يا أُستاذتي؟

أهذا الدفتر لكَ يا عليّ ..................................يا فاطمة؟

من أين أنتَ يا أخي؟ ..................................يا أختي؟

أين أبوكَ يا خالد؟ ..................................يا خديجة؟

أ أنتَ مريض يا خالي؟ ..................................يا خالتي؟

أين بنتكَ يا عمّي؟ ..................................يا عمّتي؟

ألكَ أخ يا حامد؟ ..................................يا سعاد؟

ماذا عندكَ يا أخي؟ ..................................يا أختي؟

السلام عليكَ يا أبي؟ ..................................يا أمّي؟

---

(3)أنث الفاعل في كل من الجمل الآتية:(تۆۋەندىكى ھەربىر جۈملىدە پائىل (پېئىل ئىگىسى)نى ئايالللىق كەلتۈرۈڭ)

مثال :خَرَجَ محمد من البيت. خَرَجَتْ آمنة من البيتِ

ذَهَبَ المدرس إلى الفصل. ......................................

ذَهَبَ أبي إلى المستشفى. ......................................

جَلَسَ الطالب في الفصل. ......................................

خرج أخي من البيت. ......................................

---

(4)تأمَلْ ما يلي: (تۆۋەندىكىنى ئويلىنىڭ)

جَلَسَتْ الطَّالبةُ = جلست الطَّالبـةُ

ـْ ال = ـِ ال

(5)اقرأ الجمل الآتية (تۆوەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭ)

(1)من الفَتىَ الذي خرج من بيتك الآن؟ هو ابن عمي.

(2)من الفتاةُ الّتي خرجت من بيتكَ الآن يا محمد؟ هي بنتُ خالَتي.

(3)لمن المفتاح الذي على المكتب؟ هو للمدرس.

(4)لمن الساعة التي على السرير؟ هي لِزَوْجِ أختي.

(6)أكمِلْ الجمل الآتية بوضع اسمِ مَوْصولٍ مناسب (الذي، التي) في الفراغ:(بوش ئورۇنلاردا (الذي، التي) دىن ئبارەت مۇناسىپ نسپى ئالماشنى قويۇپ تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تولۇقلاڭ)

(1)الكتاب ............................... على المكتب للمدرس .

(2)القلم .................................... في حقيبتي مكسور.

(3)السيارة ............ خَرَجَتْ من المستشفى الآن للطبيب الجديد.

(4)الكلب ................................. في الحديقة مريض.

(5)الفتى................ خَرَجَ من المسجد الآن ابن المؤذِنّ.

(6)تلك البطة .................. تحت الشَجَرةِ لبنت الفلاح.

(7)البيت الجديد .................. في ذلك الشارع للوزير.

(8)الدَرْسُ ..................... بَعْدَ هذا الدَرْسِ سَهْل جداًّ.

(9)من الفتاة ........جَلَسَتْ أمامَ المدرِّسة"؟ هي طالبة من مالِيزيا.

أتلك الحقيبة ......تحت المكتب لك يا خالد؟ لا هي لصديقي محمدٍ.

الكَلِمَاتُ الجْدِيْدَةُ: (يىڭى سۆزلەر)

العَمّ : أخو الأب ـ تاغا ئاكا : دادىسىنىڭ بىر تۇققان قېرىنداشى

العَمّة : أختُ الأبِ ـهاما ئاچا : دادىسىنىڭ بىر تۇققان قىزقېرىنداشى

الخالُ :أخو الأمِّ ـ تاغا ئاكا : ئانىسىنىڭ بىر تۇققان قېرىنداشى

الخالة :أخت الأمِّ ـهاما ئاچا : ئانىسىنىڭ بىر تۇققان قىزقېرىنداشى

الفلاّح ـ دېهقان مستشفى الولادةِـ تۇغۇت دوختۇرخانىسى

# (13) الدَّرْسُ الثَّالثَ عَشَرَ

## ( أ )



**مَن هؤُلاءِ الفتْيَةُ الطوَالُ يا علىّ؟**

ئى ئەلىي! بۇ ئىگىز يىگىتلەر كىم ؟

**هُمْ طلاُّب جُـدُدٌ**

**ئۇلار يېڭى ئوقۇغۇچىلار .**

**من أين هُـمْ؟**

**ئۇلار قەيەردىن ؟**

**هُمْ من أمريكـا.**

**ئۇلار ئامېرىكىدىن .**

**أهُمْ زُمَـلاؤُكَ؟**

ئۇلار سىزنىڭ ساۋاقداشلىرىڭىزمۇ ؟

**نعم. هُمْ زُمَلائي. هُمْ في فصلي.**

ھەئە. ئۇلار مېنىڭ ساۋاقداشلىرىم .ئۇلار مېنىڭ سىنىپىمدا.

**أَهُمْ مُجْتَهِدُونَ؟**

ئۇلار تىرىشچانمۇ ؟

**نعم .هُمْ مُجْتَهِدُونَ.**

شۇنداق . ئۇلار تىرىشچان .

**ما أسماؤهُمْ؟**

ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى نىمە ؟

**أسماؤهُمْ :ياسِرٌ وَزَكَرِّيَا ومُوْسَى وعبدُ الله.**

ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى: ياسىر،زەكەرىييا ،مۇسا،
ئابدۇللاھ .

**ومن هؤلاءِ الرجالُ القصارُ؟**

بۇ پاكا ئەرلەر كىم ؟

**هم حُجَّاج**

• ئۇلار ھاجىلار.

**من أين هم؟**

ئۇلار قەيەردىن ؟

**بَعْضُهم من الصِّيْنِ وبَعْضُهم من اليابان.**



ئۇلارنىڭ بەزىسى جۇڭگۇدىن ۋە بەزىسى

ياپۇنىيدىن .

**أين مُوسَى و أَصْدِقَاؤُهُ؟**

مۇسا ۋە ئۇنىڭ دوسلىرى قەيەردە ؟

**ذَهَبُوا إلى المطعم.**

ئۇلار ئاشخانىغا كەتتى .

## بۇ دەرستىكى گراممىاتىكىلىق قائىدىلەر :

### 1- مەزمۇن: «هٰؤُلاءِ» توغرىسىدا

بۇ «هٰذَا» بىلەن «هٰذِهِ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئەر-ئايالغا ئورتاق ئىشلىتىلىدۇ.
مەسىلەن:

هٰؤُلاءِ رِجَالٌ (بۇلار ئەرلەردۇر)

هٰؤُلاءِ بَنَاتٌ (بۇلار قىزلاردۇر)

دېگەنگە ئوخشاش.

### 2- مەزمۇن: «هُمْ» توغرىسىدا

بۇ «هُوَ»نىڭ كۆپلۈك شەكلىدۇر.
ئاتىلىشى: III شەخس ئەرلىك كۆپلۈك مۇستەقىل كىشىلىك ئالمىشى.
ۋەزىپىسى: كۆپىنچە ئىسملىق جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ.

مەسلەن:
هُمْ طُلَّابٌ جُدُدٌ (ئۇلار يېڭى ئوقۇغۇچىلار)
هُمْ مِنْ أَمْرِيكَا (ئۇلار ئامېرىكىدىن)
دېگەنگە ئوخشاش.

## 3- مەزمۇن: «ذَهَبُوا» توغرىسىدا

«ذَهَبَ»گە ئوخشاش III شەخس ئەرلىك بىرلىك ئېنىق ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ ئاخىرىغا ئالدى پەش ئوقۇلغۇچى سۇكۇنلۇق «و» ئۇلانسا، ئۇ III شەخس ئەرلىك كۆپلۈك ئېنىق ئۆتكەن زامان پېئىلغا ئايلىنىدۇ. مەسلەن:
ذَهَبُوا إِلَى الْمَطْعَمِ (ئۇلار ئاشخانىغا كەتتى)
دېگەنگە ئوخشاش.

## 4- مەزمۇن: «هُنَّ» توغرىسىدا

بۇ «هِيَ»نىڭ كۆپلۈك شەكلىدۇر.
ئاتىلىشى: III شەخس ئاياللىق كۆپلۈك مۇستەقىل كىشىلىك ئالمىشى.
ۋەزىپىسى: كۆپىنچە ئىسىملىق جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. مەسلەن:
أَأَخَوَاتٌ هُنَّ؟ (ئۇلار ھەمشىرىلەرمۇ؟)
نعم، هُنَّ أَخَوَاتٌ. (شۇنداق، ئۇلار ھەمشىرىلەر.)
دېگەنگە ئوخشاش.

## 5- مەزمۇن: ئورۇنداش ئىزاھلىق سۆز بىرىكمىسى توغرىسىدا

ئورۇنداش ئىزاھلىق بىرىكمە ــ نام-ئۇنۋاننى بىلدۈرىدىغان «الـ»لىق ئېنىق ئىسىمدىن كېيىن بىر خاس ئىسىم كېلىپ ئۇنى ئىزاھلىغان سۆز بىرىكمىسىدىن ئىبارەت. مەسلەن:
أَبُوهُنَّ الشَّيْخُ بِلَالٌ (ئۇلارنىڭ ئاتىسى شەيخ بىلال)

## 6- مەزمۇن: «قَرِيبٌ»دىن كېيىن كەلگەن «مِنْ» توغرىسىدا

«قَرِيْبٌ» دېگەن ئىسىمدىن كېيىن كەلگەن «مِنْ» ــ «إِلَى»غا ئوخشاش ھالەتتە «...غا، ... قا، ... گە، ... كە» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. مەسلەن:
بُيُوتُهُنَّ قَرِيْبٌ مِنَ الْمَدْرَسَةِ (ئۇلارنىڭ ئۆيى مەكتەپكە يېقىن)
دېگەنگە ئوخشاش.

## 7- مەزمۇن: «خَرَجْنَ» توغرىسىدا

«خَرَجَ»گە ئوخشاش III شەخس ئەرلىك بىرلىك ئېنىق ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ ئاخىرىغا ئالدى سۈكۈن ئوقۇلغۇچى زەبەرلىك «ن» ئۇلانسا، ئۇ III شەخس ئاياللىق كۆپلۈك ئېنىق ئۆتكەن زامان پېئىلغا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن:

اَلْمُدَرِّسَاتُ خَرَجْنَ مِنَ الفَصْلِ
(ئايال ئوقۇتقۇچىلار سىنىپتىن چىقىپ كەتتى)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 8- مەزمۇن: «أُولٰئِكَ» توغرىسىدا

بۇ «ذٰلِكَ» بىلەن «تِلْكَ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئەر-ئايالغا ئورتاق ئىشلىتىلىدۇ. كۆپىنچە ئىسملىق جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

أُولٰئِكَ أَصْدِقَائِي (ئاۋۇلار مېنىڭ دوستلىرىم)
أُولٰئِكَ مُهَنْدِسُونَ (ئاۋۇلار ئىنژېنېرلار)

دېگەنگە ئوخشاش.

## تَمَارِيْنُ

**(1)حوِّلْ المُبْتَدَ أَ في كلٍّ من الجمل الآتية إلى جمْع ( تۆۋەندىكى جۈملىلەردىن ھەربىرىدىكى ئىگىنى (الْمُبْتَدَ أ)كۆپلۈككە ئۆزگەرتىڭ)**

| | | |
|---|---|---|
| مثال :هذا طالب. | هؤلاءِ طُلَّاب | (طُلاب ُ ) |
| (1)هذا تاجرٌ. | .................................. | (تجارٌ ) |
| (2)هذا حاجٌّ. | .................................. | (حُجَّاج) |
| (3)هذا رَجُلٌ. | .................................. | (رِجَالٌ ) |

(4)هذا كبيرٌ. ................................ (كِبَارٌ )

(5)هذا صَغيرٌ. ................................ (صِغَارٌ )

(6)هذا قَصِيرٌ. ................................ (قصارٌ )

(7)هذا طويلٌ. ................................ (طِوَالٌ )

(8)هذا ولَدٌ. ................................ (أوْلادٌ )

(9)هذا ابنٌ. ................................ (أبْناءٌ )

(10)هذا عَمٌّ. ................................ (أعْمَامٌ )

(11)هذا شَيْخٌ. ................................ (شُيُوخٌ)

(12)هذا ضَيْفٌ ................................ (ضُيُوفٌ)

(13)هذا زَميلٌ ................................ (زُمَلاءُ)

(14)هذا فَقيرٌ. ................................ (فُقَرَاءُ)

(15)هذا غَنِيٌّ. ................................ (أغْنِيَاءُ)

(16)هذا صَدِيْقٌ ................................ (أصْدِقَاءُ)

(17)هذا طبيبٌ ................................ (أطِبَّاءُ)

(18)هذا فتىً. ................................ (فِتْيَةٌ )

(19)هذا أخٌ. ................................ (إخْوَةٌ )

(20)هذا جديدٌ. ................................ (جُدُدٌ )

(21)هذا مدرِّسٌ ................................ (مدرِّسوْنَ)

(22)هذا مهندسٌ ................................ (مُهندسُوْنَ)

(23)هذا فلاَّحٌ. ................................ (فَلاحُوْنَ)

(24)هذا مجتهدٌ ................................ (مجتهدُوْنَ)

(25)هذا مُسْلِمٌ. ................................ (مسلِمُوْنَ)

(2)حوِّلْ المفردات التي تحتها خط إلى جموع كما هو موضّح في المثال:(مسالدا كۆرستىلگەندىكىدەك ئاستى سىزىلغان بىرلىك سۆزلەرنى كۆپلىككە ئۆزگەرتىڭ)

مثال :من هذا الرجل؟ هو حاجٌّ . من هؤلاء الرجال؟ هم حجّاج.

(1)من أين هذا الطالب؟ هو من الهند...............................

(2)أين التاجرالكبير؟هو في السوق...............................

(3)أين المدرس الجديد؟ هو عند المدير...............................

(4)أين الطالب الجديد؟ أهو في الفصل؟...............................

(5)أهذا الطالب غنيّ؟ لا. هو فقير...............................

(6)مَن هذا الرجل؟ هو ضَيْفٌ...............................

(7)لي أخ كبير. هو طالب بالجامعة...............................

(8)أين صديقك؟ ذهَبَ إلى المكتبة...............................

(9)محمد له ابن صغير. هو طالب في المدرسة...............................

(10)أزميلك مجتهد؟ نعم، هو مجتهد...............................

(3)أضِفْ الأسماء الآتية مرة إلى اسم ظاهر وأخرى إلى ضميركما هو موضّح في المثال:(مسالدا كۆرستىلگەندىكىدەك تۆۋەندىكى ئىسىملارنى بىر قېتىم ئاشكارە ئىسىمغا ۋە يەنە بىرقېتىم ئالماشقا قوشۇڭ)

| | | |
|---|---|---|
| مثال: أَبْنَاءٌ | أبناءُ محمد | أبناؤُه |
| أَسْمَاءٌ ................. | الطلابِ....... | هُمْ |
| زُمـلاءُ ................ | حامدٍ......... | كَ |
| أَصْدِقَاءُ .............. | المدرس........ | ـهُ. |

(4) اِقرأ المثال ثم حوّلْ الجمل الآتية مثله (مسالنى ئوقۇڭ ئاندىن تۆۋەندىكى جۈمللەرنى ئۇنىڭغا ئوخشاش قىلىپ ئۆزگەرتىڭ)

مثال :الطالبُ ذَهَبَ إلى المطعم. الطلابُ ذَهَبُوا ألى المطعم.

(1)الطالب جَلَسَ في الفصل.

(2)المدرس خَرَجَ من المدرسة.

(3)التاجر ذَهَبَ إلى السوق.

(5)اِقْـرأ واكتـب: (تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇڭ)

(1)الطلاب في الفصل.

(2)من هؤلاء الأولاد؟ أهم أبناؤك؟ لا. هم أبناء أخي.

(3)من هؤلاء النَّاس؟ هم حجاج من تُركيا.

(4)أين التجار؟ ذهبوا إلى السوق.

(5)من هؤلاء الرجال؟ هم ضيوف.

(6)الفلاحون في الحُقُوْل وأبناؤهم في المدرسة.

(7)أين الطلاب الجدد؟ بعضُهم في الفصل وبعضهم عند المدير.

(8)أعمامي تجار كبار. (9)هؤلاء إخوتي.

(10)أين أبناؤك يا عليّ؟ هم في الدكان.

(11)الطلابُ الكِبار في الملعب والطلاب الصغار في الفصل

(12)هؤلاء الفتية إخوة. أبوهم إمام هذا المسجد.

(13)هؤلاء الرجال فلاحون من قَرْيَتي .

(14)أين الطلاب الجدد؟ أخَرَجُوا؟ نعم. خَرَجُوا وذهبوا إلى المكتبة.

(15)أهؤلاء الأطباء مسلمون؟ نعم. هم مسلمون.

(16)لي أبناء صغار. بعضهم في المدرسة الاِبْتِدَائِيَّة وبعضهم في المدرسة المُتَوَسِّطَة.

(6)اكتب جمع الكلمات الآتية: (تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ كۆپلىكىنى يېزىڭ)

| | | | |
|---|---|---|---|
| كبير......... | مسلم............ | رجل............ | ابن............ |
| ضيف......... | فتى............. | حاجّ............ | أن............ |
| صغير......... | طويل............ | غني............ | فقير............ |

الكلمات الجديدة: (يېڭى سۆزلەر)

الحَقْلُ ج: حُقُولٌ ـ ئېتىز النَّاسُ ـ كىشىلەر القَرْيَةُ ـ كەنت

الضَيْفُ ـ مېھمان الشَيْخُ ـ ياشانغان كىشى المَطْعَمُ ـ ئاشخانا

المدرسة الاِبْتِدَائِيَةُ ـ باشلانغۇچ مەكتەپ

## "ب"



**مَنْ هؤلاءُ الفَتَيَات يا مريمُ؟**

ئى مەريەم! بۇقىزلار كىملەر ؟

**هُنَّ زَمِيْلاتي.**

ئۇلار مىنىڭ ساۋاقداشلىرىم .

**أأخـوات هـن؟**

ئۇلار بىر تۇققان قىرىنداشلارمۇ ؟

**نعم . هُـنَّ أَخَواتٌ**

ھەئە.ئۇلار بىر تۇققان قىرىنداشلار

**من أبوهُـنَّ؟**

ئۇلارنىڭ دادىسى كىم ؟

**أبوهُـنَّ الشيْخُ بِلالٌ .**

ئۇلارنىڭ دادىسى شەيخ بىلال .

**أُمُّهُـنَّ أسْتَاذَتِي**

ئۇلارنىڭ ئانىسى مىنىڭ ئۇستازىم

أين بَيْتُهُـنَّ؟

ئۇلانىڭ ئۆيى قەيەردە ؟

بَيْتُهُنَّ قَرِيبٌ من المدرسةِ.

ئۇلانىڭ ئۆيى مەكتەپكە يېقىن .

## تَمارِيْنُ

(1) حوِّل المبتدأ في الجمل الآتية إلى جمع كـما هو موضّح في المثال:
(تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى ئىگىنى (الْمُبْتَدَ أ ) مىسالدا
كۆرسىتىلگەندەك كۆپلۈككە ئۆزگەرتىڭ)

مثال :هذه بنت. هؤلاءِ بَنَاتٌ. (بَنَاتٌ )

(1)هذه طالبةٌ. ............................(طالِبَاتٌ )

(2)هذه مُدَرِّسَةٌ. ............................(مُدَرِّساتٌ )

(3)هذه طبيبةٌ. ............................(طَبِيْبَاتٌ )

(4) هذه مُسْلِمَةٌ. ............................(مُسْلمَاتٌ )

(5)هذه زَوْجَةٌ. ............................(زَوْجَاتٌ )

(6)هذه أُخْـت. ..............................( أَخَواتٌ )

(7)هذه فَتَاةٌ. ..............................(فَتَيَـاتٌ )

(8)هذه جديدةٌ. ............................(جُـدُدٌ )

(9)هذه كبيرةٌ. ............................(كِبـارٌ )

(10)هذه صغيرةٌ. ............................(صِغـارٌ )

(11)هذه طويلةٌ. ............................(طِوالٌ )

---

(2)اِقـرأ واكتـب: (تۆۋەندىكلەرنى ئوقۇڭ ۋە يېزىڭ)

(1)هؤلاء إِخْوَتِي وهؤلاء أَخَوَاتِي.

(2)من هؤلاء الفتيات؟ هؤلاء بنات المدرِّسة.

(3)هؤلاء الفتيات زميلاتي. أبوهنّ طبيب وأمهن مدرِّسة.

(4)أين الطالبات الجدد؟ ذَهَبْنَ إلى المكتبة.

(5)أين بناتك ياعمّتي؟ هنّ في المطبخ.

(6)أهؤلاء المرّضات مسلمات؟ نعم.

(7)هؤلاء طبيبات. أزواجهن مدرسـون.

(8)من هذه المَرْأَةُ؟ هي زَوْجَةُ الطبيب الجديد.

(9)أبنـاتـك في المدرسة الثانويّة يا أسامة؟ بعضها فِي المدرسة الثانويّة وبعضهن في المدرسة المتوسطة.

(10)ألك بنات يا لَيْلَى؟ نعم لي بنات كبار. وهن طالبات باجامعة.

(11)من هؤلاءِ النِّساءُ الطوال؟ هن طبيبات من أمريكا.

(12)الطبيبات خَرَجْنَ من المستشفى.

---

(3)اِقرأ المثال ثم حَوِّل الجمل الآتية مثله: (مسالنى ئوقۇك ئاندىن تۆۋەندىكى جۈمللەرنى ئۇنىڭغا ئوخشاش قىلىپ ئۆزگەرتىڭ)

مثال: زينبُ خَرَجَتْ من الفصل. زينبُ وآمنةُ ومريم خَرَجْنَ من الفصل

(1)المدرّسة ذَهبَتْ إلى الفصل....................................

(2)الطالبة الجديدة جَلَسَتْ في الفصل................................

(3)بنت محمد ذَهَبَتْ إلى المدرسة...................................

---

(4) أَشِرْ إلى الأسماء التالية باسم إشارةٍ للقريب (هذا، هذه، هؤلاء):

((هذا، هذه، هؤلاء)دىن ئىبارەت يېقىننى كۆرسىتىش ئالمىشى بىلەن تۆۋەندىكى ئىسىملارغا ئىشارەت قىلىڭ)

(1) ..........أخي (2)............... أختي (3)........... رجال

(4) ....... مدرسون (5) ...........طالبات (6)............ أمي

(7)............أبي (8) ............طالبة (9) ............طبيبات

(10) ..........تجار

(5)ضع في الأماكن الخالية من الجمل الآتية ضميراً مناسباً (هُوَ، هِيَ، هُمْ، هُنَّ): ((هُوَ، هِيَ، هُمْ، هُنَّ)قاتارلىق ئالماشلاردىن مۇناسىپ ئالماشنى تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلاردا قويۇڭ)

(1)من هذا الرجل؟ .................................. مدرِّسنا.
(2)أين الطالبات؟ ..................................في الفصل.
(3)من هؤلاء الفتية؟ .............................أبناء المدرس.
(4)أين الطالبة الجديدة؟ .............................في المكتبة.
(5)من هؤلاء الناس؟ ...........................حجاج من الهند.
(6)أين الطبيبات؟ .......................... في مستشفى الولادة.
(7)من هذا الولد الذي خرج من بيتك؟ .................. ابن أخي.
(8)من أين هؤلاء الضيوف؟ ........................من الرياض.
(9)من أين هؤلاء الممرضات؟ ........................ من الفلبِّيْنْ.
(10)من هذه الفتاة؟ .............................. بنت المدرسة.

(6)هاتِ جمع الأسماء الآتيـة: (تۆۋەندىكى ئىسىملارنىڭ كۆپلىكىنى كەلتۈرۈڭ)

أخت.........    بنت.........    مسلمة.........    طبيبة.........
طبيب.........    زوج.........    زوجة.........    فتاة.........
كبيرة.........    طويلة.........    جديدة.........    أخ.........
كبير.........    جديد.........

## أَسمّاءُ ا الإِشـارَةَ للقَريْبِ

## يقننى كۆرستتش ئالماشلرى

هـذا طـالبٌ    هؤُلاَءُ طـلاَّب
هـذه طالبـةٌ    هؤُلاَءِ طالباتٌ

الكلمات الجديدة: (يكّى سۆزلەر)

الزوج ج : أزواج ـ ئەر    المَرْ أَ ةُ ج : نِساءٌ ـ ئايال

(المَرْ أَ ةُ :بدون الـ : اِمْرَ أَ ة)    قَرِيْبٌ ـ يقن

## "ج"

**هؤلاءُ إخوتي و أُولئِكَ أَصْدِقَائِي.**

بۇلار مىنىڭ قېرىندىشىم ۋە ئاۋۇلار بولسا مىنىڭ دوسلىرىم .

**من أولـئكَ الرجال الطوال؟ـ** ئاۋۇ ئېگىز ئەرلەر كىملەر ؟

**هم أطبّاء من أمريكا ـ** ئۇلار ئامىركىلىق دوختۇرلار.

**من أولئِكَ النِّساءُ؟ـ** ئاۋۇ ئاياللار كىملەر ؟

**هنّ أُمّهات الطالبات ـ** ئۇلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئانىلىرى .

**آباءُ الطلاب عند المدير ـ** ئوقۇغۇچىلارنىڭ دادىسى مۇدىرنىڭ قېشىدا.

**أأولئكَ النّساءُ خالاتك يا مريم؟ـ** ئى مەريەم! ئاۋۇ ئاياللار سىزنىڭ (ئانا تەرەپ)هامما ئاچىلىرىڭىزمۇ ؟

**لا. هنّ عمـاتي ـ** ياق .ئۇلار مىنىڭ (دادا تەرەپ )هامما ئاچىلىرىم .

**هؤلاءُ أطبّاءُ و أُولئِكَ مهندسون ـ** بۇلار دوختۇرلار ۋە ئاۋۇلار بولسا ئىنژىنىرلار .

**هؤلاءُ الرجال فُقَراءُ و أُولئِكَ أَغْنِيَاءُ ـ** بۇئەرلەر نامراتلار ۋە ئاۋۇلار بولسا بايلار .

**أولئِكَ الطلاب ضِعـافٌ ـ** ئاۋۇئوقۇغۇچىلار ئاجىزلار.

**من أولـئك الرجال؟ـ** ئاۋۇ ئەرلەركىملەر ؟

**هـم وُزَراءُـ** ئۇلار مىنىستىرلار.

## تمارين

(1)حوّل المبتدأ في كلٍّ من الجمل الآتية إلى جمع، مع تغيير ما يلزم

( زۆرۈر بولغان جايىنى ئۆزگەرتىپ تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى ئىگىنى (الْمُبْتَدَأ) كۆپلۈككە ئۆزگەرتىڭ)

مثال : ذلك الرجل مدرس. أولئِكَ الرِّجالُ مدرسونَ.

(1)من ذلك الفتى؟. ......................................

(2)من أين ذلك المدرس؟...................................

(3)تلك الفتاة بنت الطبيب.................................. .

(4)هذا الطالب من إنكلترا وذلك من فرنسا..................... .

(5)أذلك المهندس مسلم؟.....................................

(6)هذه المرأة ممرّضة وتلك طبيبة............................. .

(7)من هذا الولد الطويل؟....................................

(8)تلك الفتاة الصغيرة أخت حامدٍ..............................

(9)تلك المرأة أمّ الطالبة.......................................

(10)ذلك الرجل عالم كبير مِن المَمْلَكة العربِيَّةِ السَعُودِيَّةِ..........

(2) أَشِرْ إلى الأسماء الآتية باسم إشارة للبعيد (ذلك، تلك، أولئك):

((ذلك، تلك، أولئك) دىن ئىبارەت يىراقنى كۆرسىتىش ئالمىشى بىلەن تۆۋەندىكى ئىسىملارغا ئىشارەت قىلىڭ)

(1) ..................طالب. (2) ..................تجار.

(3) ..................مدرسات. (4) ................. طبيبة جديدة.

(5) ............ أُمّهاتُ الطالبات. (6) ..................آباءُ الطلاب.

(7) ..................فلاح. (8) .................. أُمّ محمد.

(9) ..................صديقي. (10) ................. أخوا تي.

(11) .................. إخوتي.

(3)هات جع الكلمات الآتية(تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ كۆپلىكىنى كەلتۈرۈڭ)

أُم............ أب............ اِمْرَ أَةٌ............ عَمّة............

ضعيف........ وزير............ اِسْمٌ............

(4) اقـرأ واكتـب: (تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇڭ ۋە يېزىڭ)

أَصْدِقَاءُ أغْنِياءُ أَقْوِياءُ أَطِبَّاءُ

فُقَرَاءُ زُملاءُ وُزَرَاءُ عُلَمَاءُ

# أَسْمَاءُ الإشَارَةِ لِلْبَعِيْدِ

## يراقنى كۆرستتش ئاالماشلرى

| | المفرد | الجمع |
| --- | --- | --- |
| المذكر | ذلِكَ طالِبٌ | أُولئِكَ طُلاَّبٌ |
| المؤنث | تِلْكَ طالِبَةٌ | أُولئِكَ طَالِبَاتٌ |

محمدٌ ذَهَبَ.

مَرْيَمُ ذَهَبَتْ.

محمدٌ وحامِدٌ وعَلِيٌ ذَهَبُوا.

مَرْيَمُ وآمنةُ وفَاطِمةُ ذَهَبْنَ.

الكلمات الجديدة:

أمّ ج: أمّهَاتٌ ـ ئانا أبٌ ج: آباءٌ ـ دادا ضَعِيْفٌ، ضَعيفَةٌ ج ضِعافٌ ـ

ئاجىز قَوىٌّ ج: أقْوِيَاءُ ـ كۈچلۈك عالِمٌ ج: عُلَماءُ ـ ئالىم ـ ئۆلىما

# (14)الدَّرْسُ الرَّابِعَ عَشَرَ

**الفِتْيَـةُ** **السَّـلامُ عَلَيْكُم**ـ اللهنىڭ سالامى سلەرگە بولسۇن

**حامـد** **وعَلَيْكُم السَّلامُ ورحمةُ الله وبَركاتُهُ.**

سلەرگىمۇ ئالللاھنىڭ سالامى ۋە رەھمىتى ۋە بەركەتلىرى بولسۇن .

**أَحَدُ** **:كيف حالك يا عمي؟**

**الفِتْيَةُ** ئى تاغا قاندانق ئەھۋالىڭىز ؟

**حامـد** **:أنا بخير والحمد لله. كيف حالُكم؟ مَنْ أَنْتُمْ؟**

ئالللاغا شۈكرى، مەن ياخشى . سلەرنىڭ ئەھۋالىڭلار قاندانق ؟ سلەر كىم ؟

**أحدُهم** **:نحن أبناءُ الدكتورِ موسى**

بىز دوكتۇر مۇسانىڭ باللىرى .

**حامـد** **أهـلاً وسهـلاً ومـرحبـاً. أبوكم صديقي، أين عمّكم الشَيْخُ عِيْسَى؟**

خوش كەپسلەر قارشى ئالىمەن . سلەرنىڭ داداڭلار مىنىڭ دوستۇم ...

سلەرنىڭ تاغاڭلار شەيخ ئىيسا قەيەردە ؟

**أحدُهم** **:هو مريض. هو الآنَ في المستشفى.**

ئۇ كسەل ، ئۇ ھازىر دوختۇرخانىدا .

**حامـد** **:شَفَاهُ الله... مَن هذه الطِفلة التي مَعَكم**

ئاللاھ ئۇنىڭغا شىپالىق بەرسۇن ...سىلەر بىلەن تۇرغان بۇ كىچىك قىزچاق كىم ؟

**أحدهم** **:هي أختُنا**

بۇ بىزنىڭ قىز ھەمشىرىمىز .

**حامد** **:ما اسْمُها؟**

ئۇنىڭ ئىسمى نىمە ؟

**أحدهم** **:اسمها ليلَى.**

ئۇنىڭ ئىسمى لەيلا.

**حامد** **:أين بيتُكم الجديدُ؟**

سىلەرنىڭ يېڭى ئۆيۈڭلار قەيەردە ؟

**أحدهم** **:بيتنا الجديد قريب من المَطار .**

بىزنىڭ يېڭى ئۆيۈمىز ئايدىرومغا يېقىن .

**حامد** **:أأنتم في المدرسة الثانويّة؟**

سىلەر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىمۇ؟

**أحدهم** **لا.نحن بالجامعة. أنا في كُلِّية الهَنْدَسَة، ومحمودٌ في كُلِّية الطِبِّ، وإبْراهِيْمُ في كُلِّيّة الشَرِيْعَةِ، ويُوْسُفُ في كُلِّية التجارة.**

ياق ، بىز ئۇنىۋېرسىتتا . مەن بىناكارلىق پاكۇلتېتىدا ، مەھمۇد بولسا دوختۇرلۇق پاكۇلتېتىدا، ئىبراھىم قانۇن پاكۇلتېتىدا ، يۈسۈف بولسا تىجارەت پاكۇلتېتىدا .

**حامد** **:مَن ذلك الفتى الذي في سيارتكم؟**

سىلەرنىڭ ماشىناڭلاردىكى ئاۋۇ يىگىت كىم ؟

**محمود** **:هو زميلي**

ئۇ مىنىڭ ساۋاقدىشىم .

**حامد :من أين هو؟**

ئۇ قەيەردىن ؟

**محمود :هو من إنْكلترّا.**

ئۇ ئەنگلىيەدىن .

**حامد :ما اسمه؟**

ئۇنىڭ ئىسمى نىمە ؟

**محمود :اسمُه ولْيَم.**

ئۇنىڭ ئىسمى ۋىليەم .

**حامد :أمسلم هو؟**

ئۇ مۇسۇلمانمۇ ؟

**محمود :لا. هو نَصْرَانِيٌّ. أبوه أستاذي. اسمه الدُكْتُورُ إدْوَرْدُ.(يهديهما الله إلى الإسلام)**

ياق ، ئۇ خرىستىيان . ئۇنىڭ دادىسى مىنىڭ ئۇستازىم .ئۇنىڭ ئىسمى دوكتۇر ئىدۇۋەرد . (ئاللاھ ئاتا بالا ئىككەيلەننى ئىسلامغا ھىدايەت قىلسۇن)

**حامد : أ ذَهَبْتُمْ إلى المستشفى لِزيَارَةِ عَمِّكم اليومَ؟**

سىلەر بۈگۈن تاغاڭلارنى يوقلىغىلى دوختۇرخانىغا باردىڭلارمۇ ؟

**يوسف :نعم. ذَهَبْنَا.**

ھەئە. باردۇق .

## بۇ دەرستىكى گىرامماتىكىلىق قائىدىلەر :

### 1- مەزمۇن: «أَهْلاً وَسَهْلاً مَرْحَبًا» توغرىسىدا

مەنىسى: «خۇش كەپسىز، قارشى ئالىمەن ياكى قارشى ئالىمىز».
ئاتىلىشى: تاشلانغان پېئىلنىڭ تولدۇرغۇچىسى.
ئىشلىتىلىشى: باشقىلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

### 2- مەزمۇن: «أَنْتُمْ» توغرىسىدا

بۇ «أَنْتَ»نىڭ كۆپلۈك شەكلىدۇر.
ئاتىلىشى: II شەخس ئەرلىك كۆپلۈك مۇستەقىل كىشىلىك ئالمىشى.
ۋەزىپىسى: كۆپىنچە ئىسمىلىق جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

مَنْ أَنْتُمْ (سىلەر كىم)
أَأَنْتُمْ مُسْلِمُونَ (سىلەر مۇسۇلمانمۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

